# ئاقكۆڭۈل ئۆردەك



مەنبە: قصص و حكايات بالعربي

ئۆردەك بىر كۈنى تاڭ سەھەردە ئورنىدىن تۇرۇپ يۈز-كۆزىنى يۇيۇپتۇ، ئاندىن قوناق، پۇرچاق ۋە سۇ بىلەن ناشتا قىپتۇ. ناشتا قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئۆي تازىلاشقا باشلاپتۇ.



ئۇ ھويلا-ئاراملارنى پاكىز تازىلاپ بولۇپ، كېرەكلىك نەرسىلەرنى سېتىۋېلىش ئۈچۈن سومكىسىنى كۆتۈرۈپ بازارغا مېڭىپتۇ.



ئۇ ھەركۈنى بازاردا يېقىن قوشنىسى ۋە سادىق دوستى
غاز خانىم بىلەن ئۇچرىشىپ قالىدىكەن.



بۇ كۈنى ئۆردەك دوستى غاز خانىم بىلەن ئۇچرىشالماپتۇ، ئۇ كۆڭلىدە: «دوستۇم غازغا نېمە ئىش بولغاندۇ؟ ئۇنى بېرىپ يوقلاپ كەلمىسەم خاتىرجەم بولالمىغۇدەكمەن» دەپ ئويلاپتۇ.



ئۇ دوستى غازنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ئۇنى كارۋىتىدا ئاغرىق ياتقان هالدا كۆرۈپتۇ. ئۇ دەرهال دوختۇر چاقىرىپ كېلىپ ئۇنىڭ كېسلىنى كۆرسىتىپتۇ. ئۇنىڭغا دورىلىرىنى ۋاقتى-ۋاقتىدا ئىچكۈزۈپ هالىدىن ياخشى خەۋەر ئاپتۇ. دوستى غاز ئاللاهنىڭ شىپالىق بېرىشى بىلەن ئاخىرى ساقىيىپتۇ.



ئارىدىن بىر قانچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، غاز ئۆيىنىڭ
دېرىزىسىدىن ھىيلىگەر تۈلكىنىڭ دوستى ئۆردەكنىڭ ئۆيى
ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ قاپتۇ



غاز ئۆردەكنىڭ ئۆيىگە چاندۇرماي كىرىپتۇ ۋە ئۇنىڭغا كۆرگەن ئەھۋالدىن خەۋەر بېرىپ تولكىدىن ئېھتىيات قىلىشنى ئېيتىپتۇ. ئاقكۆڭۈل ئۆردەك قورققان ھالدا دوستى غازدىن:- جېنىم دوستۇم، مەن قانداق قىلىشىم كېرەك؟- دەپ سوراپتۇ. غاز ئۇنىڭغا جاۋابەن: - قورقمىغىن دوستۇم، مەن دەرھال ياخشى بىر ئامال تاپاي،- دەپتۇ.



غاز ئىشەنچلىك دوستى ئىتنىڭ يېنىغا كەپتۇ.



غاز قاسساپنىڭ يېنىغا بېرىپ  سۆڭەك سېتىۋاپتۇ،
ئاندىن ناۋاينىڭ يېنىغا بېرىپ نان سېتىۋاپتۇ.



غاز سۆڭەك بىلەن ناننى ئۆردەككە بېرىپتۇ. ئۆردەك ناننى پارچىلاپ، ئۈستىگە سۆڭەكلەرنى رەتلىك تىزىپتۇ. ئاندىن ئىت ئۈچۈن مەخسۇس بىر ھۇجرا تەييارلاپ، ئۈستەل ئۈستىگە تەييارلانغان يېمەكلىكلەرنى قويۇپ قويۇپتۇ.



ئىت ئۆردەكنىڭ ئۆيىگە كەپتۇ. ئۆردەك ئۇنى قىزغىن قارشى ئاپتۇ ۋە مەخسۇس ئۇنىڭ ئۈچۈن تەييارلانغان ھۇجرىغا باشلاپتۇ. ئىت ئازادە ھۇجرىغا كىرىپ، ئۈستەل ئۈستىدىكى مەززىلىك تائاملارنى كۆرۈپ ناھايىتى خۇشال بوپتۇ ۋە تائاملاردىن تويغۇچە يەپتۇ.



ئىت ئۇخلاش ئۈچۈن تەييارلىنىپ ئۇخلاش كىيىمىنى كىيىپ كارۋىتى ئۈستىدە يېتىپتۇ.



بىرئازدىن كېيىن ھىيلىگەر تۈلكە كېلىپ ئۆردەكنىڭ ئىشىكىنى تېشىشكە باشلاپتۇ، ئىت تاراقشىغان ئاۋازنى ئاڭلاپ چۆچۈپ دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپتۇ ۋە ئىشىك تەرەپكە يۈگۈرۈپ بېرىپ ئىشىكنى ئېچىپتۇ. تۈلكە ئىتنى ئۇخلاش كىيىمى بىلەن كۆرۈپ ئۇنى «ئۆردەك بىلەن بىللە تۇرىدىكەن-دە» دەپ ئويلاپتۇ.



تۈلكە ئارقىسىغا ئۆرۈلگىنىچە يۈگۈرۈپ قېچىپ كېتىپتۇ ۋە شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۆردەكنىڭ ئۆيىگە ئىككىنچى كەلمەپتۇ.

